# 26307 ـ نەشىر هوقۇقى ۋە ئىلمى ماتېرىياللارنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ هۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

پايدىلىنىدىغان ئىلمى ماتېرىياللار بەك قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن دەرسلىك قىلىش ئۈچۈن ماتېرىياللارنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆچۈرۈپ ئىلىش چەكلىنەمدۇ؟ بۇ چەكلىمە كۆچۈرۈۋالغاندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن هارام بولامدۇ؟ ئۇنداق بولسا ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈپ بېرىدىغانلارنىڭ قىلمىشى هارام بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەهمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئېنىق بولغان ئىش، كىتاب يازغۇچىلارنىڭ نەشرىيات هوقۇقى نەشىر قىلغۇچى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئۇ كىشى ۋاپات بولسا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىگە بولىدۇ، ئەگەر ئىلمى ماتېرىياللارنى سېتىش مەقسىتىدە ئەمەس بەلكى پايدىلىنىش مەقسىتىدە قولى بىلەن كۆچۈرۈپ يازغان بولسا، ماتېرىيالنىڭ ئىگىسى قولى بىلەن كۆچۈرۈۋېلىشنى چەكلىمىگەن بولسا هارام بولمايدۇ، ئەمما باشقىلارغا سېتىش ۋە تىجارەت مەقسىتىدە كۆچۈرگەن بولسا، بۇ چەكلىنىدۇ. شەيخ بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئەبۇ زەيد مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭ بىلەن ئىلمى ماتېرىياللارنى قالايمىقان قىلىش ۋە خالىغانچە كۆچۈرۈپ تارقىتىش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلانغىلى، ئاپتۇرنىڭ شەرىپىنى تۈرغۈزغىلى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىلمى ماتېرىيالىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، بۇ ئىسلامدا بىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن بولۇپ، شەرئىي دەلىللەر ۋە ئۇسۇل ـ قائىدىلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ، سىز بۇنى"يازغۇچىلارنىڭ ئەدەپلىرى"، "ئىستىلاھ كىتاپلىرى"دا تاپالايسىز. ["يېڭىدىن يۈزبەرگەن پىقھى مەسىلىلەر"2-توم 65-بەت].

ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ مەنىۋى هەق ـ هوقۇق تېمىسىدا ئېچىلغان ئىلمي مۇهاكىمە يىغىنىدا مۇنداق قارار ئېلىنغان:

بىرىنچى: تىجارەت ئىسمى، تىجارەت تېمىسى، تىجارەت بەلگىسى، يېزىقچىلىق، كەشپىيات ۋە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلار ئۆز ئىگىسىگە خاس بولغان مەنىۋي هەق ـ هوقۇقلاردىن بولۇپ، هازىرقى زاماندا بۇ كىشىلەرگە قايتۇرۇلىدىغان ئىقتىسادى قىممىتى بولغان هەق ـ هوقۇق هېسابلىنىدۇ، بۇ هەم شەرئىي هوقۇق بولۇپ بۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئىككىنچى: تىجارەت ئىسمى، تىجارەت تېمىسى ياكى تىجارەت بەلگىسى قاتارلىق ئىشلارنى باشقىلارنى گوللاش، ئالداش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلار بولمىغاندا بۇ مالىيە هەق بولىدۇ بۇنى مەلۇم مالنىڭ بەدىلىگە باشقىلارغا يۆتكەپ بەرسە توغرا بولىدۇ.

ئۆچىنچى: نەشرىيات ھوقۇقى ياكى كەشپىيات ياكى بۇرۇن تېپىپ چىقىش ھوقۇقلىرى شەرئى جەھەتتىن ساقلىنىدۇ، ئۆز ساھىبىنىڭ بۇ تەسەررۇپ قىلىش ھەققى بولىدۇ، بۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش توغرا بولمايدۇ". ["مۇجەممەئ ژورنىلى" 5–تۆر 3–توم 2267–بەت].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: " پايدىلىق بولغان ئۆنئالغۇ لىنتىلىرىنى، كۆچۈرۈلگەن كىتابلارنى ساتسا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىلىم–مەرىپەتنى تارقىتىشقا ياردەم بەرگەنلىكتۇر، لېكىن بۇنىڭ ئىگىلىرى چەكلىسە، چوقۇم ئۇلاردىن رۇخسەت ئېلىپ ئاندىن سېتىش كېرەك". ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى"13–توم 187–بەت].

بۇ ھەقتە 454 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.